# 66391 ـ ھامىلدار ۋە بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار توغرىسىدا

**سۇئال**

ھامىلدار ئاياللارنىڭ رامزاندا روزا تۇتماسلىقى ياخشىمۇ ياكى جاپا ـ مۇشەققەت بولسىمۇ چىداپ روزا تۇتقىنى ئەۋزەلمۇ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.

بىرىنچى: رامىزان روزىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ھەققىدە ئازراق پىكىر يۈرگۈزگەن كىشى ئاللاھنىڭ رامىزان روزىسىنى ئەڭ ئاسانلىق تەرىقىسىدە يولغا قويغانلىقىنى چۈشىنىدۇ، ئىبادەت ئىشلىرىدا ئاسان يولنى تۇتۇشنى ئاللاھ ياقتۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن رامىزان روزىسى ھەققىدە نازىل بولغان ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن: ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن روزا تۇتۇش سەۋەبى بىلەن جاپا ـ مۇشەققەت زىيادە بولۇپ سالامەتلىكىگە ئالاھىدە تەسىر يىتىدىغان كىشىلەرنىڭ روزا تۇتۇشى چەكلىنىدۇ، شۇ جەھەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردە جاپا ـ مۇشەققەت چىكىپ روزا تۇتقان مۇساپىرلار ھەققىدە : سەپەردە روزا تۇتۇش ياخشى ئىشلاردىن ئەمەس ـ دىدى بۇخارى (1946)، مۇسلىم(1115).

يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت چىكىپ روزىغا داۋام قىلىۋاتقانلىق خەۋىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئۇلار ئاسىيلاردۇر ـ دىدى .مۇسلىم(1114).

ئىمام نەۋەۋىي:بۇ ھۆكۈم روزا تۇتۇش سەۋەپتىن سالامەتلىكىگە زىيان يەتكەن كىشىلەر ئۈچۈن دەپ قارايدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلسە گۇناھ بولمىغان ھالەتتە ئۇ ئىشنىڭ ئاسانراقىنى تاللايتتى، ئەگەر گۇناھ بولۇپ قالسا ئۇ ئىشتىن بەك يىراق بولىدىغان كىشىلەردىن ئىدى. بۇخارى(3560)، مۇسلىم(23 27).

ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دەيدۇ:" ئەگەر ھارام ياكى مەكرۇھلۇق دەرىجىسىگە يەتمىگەن ئىشنىڭ ئاسان ۋە يەڭگىل بولغىنىنى قىلىش ياخشى كۆرىلىدۇ".

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىپ گۇناھ ـ مەسىيەت قىلغان كىشىلەرنى ياقتۇرمىغاندەك، دىندا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارغا ئەمەل قىلغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

بۇ ئىبادەت مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن قانچە ئاسان بولسا شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە شۇنچە يېقىن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئىككىنچى: ئالىملار، بىمارلار ئۈچۈن روزا تۇتۇش مۇشەققەت بولسا ئۇلارنىڭ ئىپتار قىلىشى ئەۋزەل دەپ قارايدۇ، بەلكى ئىمام قۇرتۇبىي:" ئۇلارنىڭ ئىپتار قىلىشى ياخشى، پەقەت بىلىمسىز جاھىل كىشىلەر روزا تۇتىدۇ دىدى.(2 276).

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇغنىيدا (4404):"بىمارلار ئۈچۈن روزا تۇتۇش مۇشەققەت بولسا ئۇلارنىڭ روزا تۇتۇشى مەكرۇھ "(ياخشى ئەمەس) دىدى.

ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ "شەرھى مۇمتىئ دىگەن مەشھۇر ئەسىرىنىڭ 6-تومىنىڭ 352-بىتىدە مۇنداق دەيدۇ: "بىز بۈنىڭدىن، روزا تۇتۇش مۇشەققەت بولسىمۇ ئىپتار قىلىشتىن باش تارتىپ تىرىشچانلىق قىلىپ روزا تۇتۇپ سالامەتلىكىنى زىيانغا ئۇچراتقان بىمارلار ۋە كىيسەللەرنىڭ خاتالاشقانلىقىنى بىلدۇق، ئۇلار بولسا:" ئاللاھ تائالا: سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار دىسە، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى – ئىھسانىنى ۋە رۇخسىتىنى قوبۇل قىلماي ئۆز نەپسىنى زىيانغا ئۇچرىتىش بىلەن خاتالاشقان كىشىلەردىن ئىبارەت".

بالا ئىمىتىدىغان ئايالارمۇ ھامىلدار ئايالارغا ئوخشاش بولۇپ روزا تۇتۇش مۇشەققەت بولسا ئۇلارنىڭمۇ ئىپتار قىلىۋىتىشى ئەۋزەل، بەلكى بەزەن ئالىملار، ئەگەر روزا تۇتۇش سەۋەپتىن تۆرەلمىگە ياكى ئىمىتىۋاتقان بوۋاقنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يىتىدىكەن ئۇلارنىڭ روزا تۇتۇشىنى ھارام( توغرا ئەمەس) دىگەن.

ئىمام جەسساس"ئەھكامۇل قۇرئان" نىڭ 1-توم 252-بىتىدە مۇنداق دىگەن:" بالا ئىمىتىدىغان ۋە ھامىلدار ئايالارنىڭ روزا تۇتۇشى ئۆزىنىڭ ياكى بالىلىرىنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىكەن، بۇنداق ھالەتتە ئۇلارنىڭ ئىپتار قىلىشى ياخشى، روزا تۇتۇشى چەكلىنىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ روزا تۇتۇشى ئۆزىنىڭ ياكى بالىلىرىنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزمەيدىكەن ئۇلارنىڭ ئىپتار قىلىشى توغرا ئەمەس، روزا تۇتۇشى كىرەك".

يەنە (1307- بەتتە) مۇنداق دىگەن:" بالا ئىمىتىدىغان،ھامىلدار ئايالار ۋە بىمارلار ئۈچۈن روزا تۇتۇش ئۆزىنىڭ ياكى بالىلىرىنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ ئىپتار قىلىشى ئەۋزەل، چۈنكى روزا تۇتۇش سەۋەبى بىلەن مۇشەققەت چىكىش ۋە سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولماسلىقىمۇ قىيىنچىلىقنىڭ بىر تۈرى، ئاللاھ بەندىلەرگە قىيىنچىلىق بولۇشىنى ياقتۇرمايدۇ، شۇنداقلا بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بىرىلسە گۇناھ بولمىغان ھالەتتە ئۇ ئىشنىڭ ئاسانراقىنى تاللايتتى دىگەن ھەدىسنىڭ روھىغىمۇ ئۇيغۇن بولىدۇ.

ئىبنى مۇپلىھ " ئەلپۇرۇئۇ" ناملىق ئەسىرىنىڭ 3-توم 35-بىتىدە مۇنداق دىگەن:" بالا ئىمىتىدىغان ۋە ھامىلدار ئايالارنىڭ روزا تۇتۇشى ئۆزىنىڭ ياكى بالىلىرىنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ روزا تۇتۇشى مەكرۇھ (ياخشى ئەمەس) بولىدۇ .....".

ئىبنى ئەقىل: "بالا ئىمىتىدىغان ۋە ھامىلدار ئايالار تۆرەلمىگە ياكى ئىمىتىۋاتقان بوۋاقنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يىتىشتىن ئەنسىرىسە ئۇلارنىڭ روزا تۇتۇشى توغرا ئەمەس، بەلكى كاپارەت بىرىدۇ، ئەنسىرىمىسە ئۇلارنىڭ ئىپتار قىلىشى توغرا ئەمەس، بەلكى روزا تۇتىدۇ" دەپ قارايدۇ.

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ: " ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىغا ئائىت سوئاللارنىڭ جاۋابى" ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنىڭ171-بىتىدە مۇنداق دەيدۇ:" بالا ئىمىتىدىغان ۋە ھامىلدار ئايالار روزا تۇتۇشىنىڭ ھۆكمىدە بىمارلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلارغا روزا تۇتۇش مۇشەققەت بولغاندا ئىپتار قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان".

توغرىنى ئاللاھ بىلگۈچىلەر.